# شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ — شىنجاڭ گېزىتى (قازاقچە) — 新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8

دۈشەنبە

维吾尔文 3 月8日

25354 ـ سان

بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　تىيانشان تورى: www.ts.cn


# «زور ئاپەتتىن كېيىن چوقۇم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ»

## — شى جىنپىڭ چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە يۇشۇنى يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش توغرىسىدا توختالدى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي**

«باش شۇجى، جاشىدېلې!»

«جاشىدېلې!»

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي زالى ئىللىق كەيپىياتقا تولغانىدى. ئاردىن بەش يىل ئۆتۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. زاڭزۇ ۋەكىل جاشى دوجىي گەپ باشلىشىغىلا، باش شۇجى ئۇنىڭغا قىزغىن جاۋاب قايتۇردى.

جاشى دوجىي يۇشۇ ئوبلاستىدىن كەلگەن. ئون يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ يۇرتىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، يۇرت ـ ماكانى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. ئەينى چاغدا، يولداش شى جىنپىڭ مەخسۇس چىڭخەي يۇشۇدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك




3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى تاۋ فوتوسى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات «14 ـ بەش يىل» ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىر ئىقتىسادىي تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ؛ پەقەت ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغىلا قويۇلغان تەلەپ بولۇپ قالماي، بەلكى بارلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان تەلەپ؛ بىر مەزگىللىك، بىر كەسىپكىلا قويۇلغان تەلەپ بولۇپ قالماي، بەلكى جەزمەن ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرىدىغان تەلەپ. ھەرقايسى رايونلار ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش كېرەك.

يىغىندا، ۋاڭ جيەنجۈن، ئا شېڭچىڭ، كۇڭ چىڭجۇ، زاشى دوجىي، مېڭ خەي، شا فېڭ قاتارلىق ئالتە ۋەكىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى، چىلىيەنشەن تېغى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، يۇشۇنى ئاپەتتىن كېيىن قايتا قۇرۇشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، مۇلى كۆمۈر كېنىنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى ياخشى ئىشلەش، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن ئاڭلىغاچ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گەپ سوراپ، ۋەكىللەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا توقۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى　ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى چوڭقۇر، ياخشى بېجىرىپ، تېببىي دورا ـ سەھىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەرۋاقىت چىڭىتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايون ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پىلان دوكلاتى، خامچوت دوكلاتىنى تەكشۈردى

## چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات»، «2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات»نى تەكشۈردى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. دۆلەتنىڭ مەنىستىرلىق، كومىتېتلىرىدىكى ئالاقىدار يولداشلار سىن شەكلى ئارقىلىق پىكىرلەرنى ئاڭلىدى.

ۋەكىل شى داگاڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، پىروگرامما لايىھەسى ۋە پىلان دوكلاتى، خامچوت دوكلاتىنى تامامەن قوللايمەن. 2020 ـ يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى. ھەر مىللەت ئامما يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى تېخىمۇ قەتئىي ھىمايە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **جاڭ يۈنمېي، چېن چياڭۋېي، يۈەن لېينىڭ** بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى: 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزى تۇرۇشلۇق ساھەنىڭ گۇرۇپپا يىغىنى ياكى ساھەلەر بويىچە كېڭىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ئەقىل كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئاياللار بولغاچقا تېخىمۇ گۈزەل

ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئېيتقانلىرى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى يۈەن لېي، ۋاڭ يۈجاۋ، خېي خۇڭۋېي**

«شەرق شامىلى ئەلچى بولۇپ، بەردى دېرەك باھاردىن. بارچە شەيئى ئويغىنىپ، چىقاردى بىخ يېڭىدىن.» ئىللىق باھار نۇرىغا چۈمۈلگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئەزالارنى يوقلىغان چاغدا «8 ـ مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەپ بىلدۈرگەن تىلىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ جان ـ دىل بىلەن ئادا قىلىپ، كۈرەش قىلىپ ئارزۇغا ئىنتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە ئاياللارنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرىمىز.

ئاياللار ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ، ئارزۇغا ئىنتىلگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسى. شىنجاڭ ئاياللار بولغاچقا تېخىمۇ گۈزەل.

## ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولىمىز

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن، تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېرىزە سىرتىدا چىراغلار يېنىپ، ھەممە ياقنى يورۇتتى، ۋەكىل فاتىمە ئۆز تەكلىپىنى يەنە پىششىقلىغىلى بولامدۇ ـ يوق، يەنە ئىلمىي، مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولامدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن چوقۇم قۇرغۇچىلارغا خاس قىياپەت بولۇشى كېرەك ئىدى.

بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىشتىن ئىلگىرى، ۋەكىل فاتىمە شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك 8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)